# نامرات تاغلىق جايدىن كۆچۈپ چىقىپ، يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋېلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

غالىب ئائىلىسىدە بەش جان بار، ئىلگىرىكى ئۆيىنى «ۋەيرانە» دەپ تەسۋىرلەشكە بولاتتى، لاي بىلەن تاشتىن سېلىنغان كونىراپ كەتكەن ئۆي «يازدا يامغۇرغا دالدا بولالمايتتى، قىشتا بوراندىن ساقلىيالمايتتى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەنت تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، تۆت ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇلار دۇنيادىن ئايرىلىپ دېگۈدەك ياشايتتى.

«تاغ ئىچكىرىسىدىكى كۈنلىرىمىزدە نامراتلىقتىن، جاپادىن ھەقىقەتەنمۇ جاق تويۇپ كەتكەندۇق!» دېدى غالىب خۇرسىنىپ.

فۇمىن كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئابدۇرخان مارىياك يېزىسىنىڭ پىل كەنتىدىن كۆچۈپ كەلگەن. پىل كەنتىدىكى جاپالىق كۈنلىرىنى ئۇ ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايدۇ: تاغ ئېگىز، جىلغا چوڭقۇر، يەر ئۇنۇمسىز، كەنتتىكى ئەڭ يىراقتا ئولتۇرىدىغان بىر ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا 270 كىلومېتىر كېلەتتى، كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن مارىياك يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا بېرىش ئۈچۈن 50 كىلومېتىر تاغ يولىنى بېسىشقا توغرا كېلەتتى، ئاتلىق ئۈچ كۈندە ئاران يېتىپ بارغىلى بولاتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيە بازىرىغا 120 كىلومېتىر كېلەتتى، دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىز داۋاندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاجىز، تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان، «شۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ يەردىكىلەرنى باقالمايدىغان» جايلاردىن پەقەت مارىياك يېزىسىنىڭ پىل كەنتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە داتۇك يېزىسى، ۋەچە يېزىسى قاتارلىق تۆت يېزىدىكى 1000دىن ئارتۇق ئاھالە نامرات تاغلىق جايغا قاپسىلىپ قالغانىدى.

2017 ـ يىلى، تاتكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى رەسمىي يولغا قويۇلدى. ئېگىز، سوغۇق، چەت، يىراق تاغلىق رايوندا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان تۈركۈم ـ تۈركۈم ئاممىغا ئۈمىد بېغىشلاندى.

چارۋىچىلار تاتكۆلگە كۆچۈپ كېلىشنى خالىدى، ئالدى بىلەن، بۇ ياخشى جاي ئىدى. «ئەمىن ئۆي بارلىقىنى، ئوتلاق بارلىقىنى، چارۋىلارغا ئۆلچەملىك ئىسسىق قوتان بارلىقىنى، ناھىيە بازىرىغا يېقىنلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدۇق»، بۇ، ئەينى چاغدا تاتكۆلگە كۆچۈپ بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ناھايىتى كۆپ ئاممىنىڭ ئورتاق ئىنكاسى.

تاتكۆلنى كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغان جاي قىلىپ تاللاش تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتكوم ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپلىق ئويلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى: تاتكۆل ئەسلىدە بىر قاقاس چۆللۈك بولۇپ، يەر شەكلى نىسبەتەن تۈز، سۇ ـ تۇپراقنى ئېچىش ئارقىلىق تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ؛ ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 25 كىلومېتىر، قاتناش قولايلىق بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق.

تاغدىن كۆچۈپ چىقىشقا كۆپ خىراجەت كېتەتتى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئەمەلىيلەشكەندىلا، ئاندىن قەدەم ئالغىلى بولاتتى. ئۆي سالىدىغان خىش قەشقەردىن توشۇپ كېلىنگەن بولۇپ، بىر پارچە خىشنىڭ تەننەرخى بىر يۈەندىن ئارتۇق ئىدى. تۇرالغۇ، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسىدىن ئىجتىمائىي كاپالەتكىچە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچكەن چارۋىچىلارنى بىر قاتار ئېتىبار سىياسەتلەرگە ئىگە قىلدى، ھەربىر ئائىلىگە 80 كۋادرات مېتىرلىق خىش ئۆي، 100 كۋادرات مېتىرلىق ئىسسىق قوتان سېلىپ بەردى، يەنە بوز يەر ئېچىپ، كىشى بېشىغا 2.7 مودىن يەر بۆلۈپ بەردى.

تاغدىن چىقىش ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىش بولسىمۇ، لېكىن راستىلا كۆچىدىغان چاغدا، يۇرتداشلارنىڭ ھېسسىياتى يەنىلا مۇرەككەپ بولدى. «قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن جاي.» ئىسمائىل ئابدۇرخان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «يېڭى كەنتتە سۇ، توك، يول، ئالاقىلىشىشنىڭ ھەممىسى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈلدى، ھەممە ئائىلە يېڭى ئۆي جاھازىلىرىنى ئىشلەتتى».

«يېڭى كەلگەندە، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغاندىم، ھەتتا ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشنىمۇ بىلمەيتتىم، كۈنبويى ئۆيدىلا ئولتۇراتتىم، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەتمۇ قىلالمايتتىم...» مارىياك يېزىسىنىڭ پىل كەنتىدىن تاتكۆلگىچە 180 كىلومېتىرمۇ كەلمەيتتى، چوڭ تاغ توسۇپ تۇرغانلىقتىن، 51 ياشلىق مەستۈرە نۇرەك ئەزەلدىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ باقمىغانىدى، شۇڭا يېڭى تۇرالغۇدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قارىتا ئۇ ھەم خۇشال ئىدى، ھەم ئەندىشە قىلاتتى.

كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا بالدۇرراق كۆنۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تاتكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتى خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ، قولايلىق بولغان «بىر پونكىت شەكلى»دىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. ناھىيە يەنە بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، تۇغقانلىشىپ ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش شەكلىدە كۆپچىلىك تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئىز قوغلاپ ھەل قىلدى...

«چوڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان چەت، يىراق چارۋىچىلىق نۇقتىسىدىن يېڭى كەنتكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۆزگەردى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئالماشتى»، تاتكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لۇك شىنشىن مۇنداق دېدى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى، ئەنئەنىۋى بايراملارنى تەبرىكلەش پائالىيىتى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى يېڭى تۇرمۇشقا تېزدىن كۆنۈشىگە ياردەم بەردۇق».

بۈگۈنكى كۈندە فۇمىن كەنتى، ئەيمەن كەنتىدە يوللار رەتلىك ـ پاكىز، يېڭى ئۆيلەر چىرايلىق، ھەممە ئائىلە ئىشىكى ئالدىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق رايونى قىلىپ، كۆكتات ۋە گۈللەرنى تېرىدى، ئۆينىڭ كەينىگە چىرايلىق، ئىسسىق قوتان سالدى، يېڭىچە يېزا گۈزەل مەنزىرىسى نامايان بولدى.

### بىر ئاچقۇچ بىلەن بىر قۇلۇپنى ئېچىش —— «سىياسەتنى قەلبلەرگە ئورنىتىپ، ‹تۈگۈن›نى ھەقىقىي يېشىش»

ئۆينى كۆچۈرۈش ئاسان، لېكىن «كۆڭۈل»نى كۆچۈرۈش تەس. قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېشىشنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا كادىرلارغا تايىنىشتا.

ناھىيە، يېزا كادىرلىرى يىراق، چەت جايدىكى چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى ۋە كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ خىزمەت ئىشلەپ، «بىر قېتىم بولمىسا ئىككى قېتىم، ئىككى قېتىم بولمىسا ئۈچ قېتىم باردى»، بىر ئاچقۇچ بىلەن بىر قۇلۇپنى ئاچتى.

داتۇك يېزىسى كىچىكتۇك كەنتىدىكى نامرات ئاھالە ئاسادى شەمسىبېك ئۆي كۆچۈش چىقىمىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدى... يېزا كادىرى مەمەتبېك نىزاربېك قايتا ـ قايتا ئۆيىگە بېرىپ ئېتىبار سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئاسادىنى غەمدىن خالاس قىلدى.

نامرات ئاھالە ئافتابېك مۇراممەت بىلەن ئېبرى سىرتقا چىقسا كۈنەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەيدى. كادىرلار ئۆيىگە بېرىپ كۆڭۈل قويۇپ مۇنداق چۈشەندۈردى: «قاراڭلار، سىلەرنىڭ ئىككى بالاڭلار شۇنداق ئەقىللىق ئىكەن، ئەگەر باللىرىڭلارنى ياخشى يەرگە ئاپىرىپ كۆزىنى ئاچمىساڭلار، كېيىن قانداقمۇ ئىستىقبالى بولسۇن؟ يەنە داۋاملىق مۇشۇنداق نامرات ئۆتكۈڭلار بارمۇ؟ يېڭى كەنتكە بارغاندىن كېيىن، نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا بېرىپ ئىشلىسىڭىز بولىدۇ، تۇرمۇشۇڭلار چوقۇم ھازىرقىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ».

مارىياك يېزىسى نوشدۇك كەنتىدىكى نامرات ئاھالە مەمەتنەزەر تويچى خىزمەت تېپىش تەس بولۇشتىن ئەنسىرەيدى، كادىرلار بارماقلىرى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتىنى قىلىپ بەردى: «يېڭى كەنت ناھىيە بازىرىغا 20 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ، ھەقسىز تەربىيەلەشكە قاتنىشالايسىز، بىرەر تېخنىكا ئىگىلىسىڭىز ئىش تېپىش ئاسان بولىدۇ».

نېمىشقا كۆچۈرۈلىدۇ؟ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ شۇدۇڭ سەۋرچانلىق بىلەن مۇنداق چۈشەندۈردى: چارۋىچىلىق نۇقتىسى چەت، يىراقتا جايلاشقان، تاغلىق كەنتنىڭ شارائىتى ناچار، كىشى بېشىغا ئارانلا نەچچە پۇڭ يەر توغرا كېلىدۇ، قورساقنى تويغۇزۇش تەس، بېيىش تېخىمۇ تەس. يېڭى كەنتكە بارسا، مەدەنىيەت ئۆيى، يەسلى، داۋالاش ئۆيى قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق، «كۆز ئالدىمىزنىلا كۆرمەسلىكىمىز كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى يىراقنى كۆرۈشىمىز، بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى كۆپرەك ئويلىشىمىز كېرەك».

نەگە كۆچۈرۈش كېرەك؟ كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلەش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلىرى خالىغان ئاساستا، ناھىيە تاتكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىنى بىر تۇتاش پىلانلىدى، بۇ جاي ناھىيەگە يېقىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش قولايلىق بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ يېڭى تۇرالغۇسىمۇ ئەينى يىلىلا سېلىنغانىدى.

ئالدى بىلەن كەسىپنى يولغا قويۇپ، كېيىن كۆچۈرۈش، ناھىيە كەسىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت «بەش تولۇق قاپلاش»نى يولغا قويۇپ، «بىر ئائىلە كۆچسە، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۆپ قېتىم چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشى قىزىقتى... 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مارىياك يېزىسى پىل كەنتى كەنت ئاھالىلىرى چوڭ يىغىن ئاچتى، كەنت ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى كۆچۈشكە قوشۇلدى.

بەزى ياشانغانلار يەنە: كۆچسەك نوپۇسىمىزنى قانداق قىلىمىز؟ ئوتلاق، يېرىمىزنى قانداق قىلىمىز؟ دېگەن ئەندىشىلەردە بولدى.

سىياسەتنى يەنىمۇ ئىنچىكە، ئېنىق چۈشەندۈرۈش. ئەينى ۋاقىتتىكى پىل كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئابدۇرخان ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «شۇ چاغدا، كەنتتە كۈندە كادىرلار بار ئىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى بولسا، كادىرلار كەنت ئاھالىلىرىگە يۈزتۇرا بىرمۇبىر چۈشەندۈرەتتى».

كۆچۈش ـ كۆچمەسلىكتە ئىختىيارىغا قاراش؛ نوپۇسنى يۆتكەش ـ يۆتكىمەسلىكمۇ ئىختىيارىچە بولۇش. ئوتلاق مەيدانىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇش ئېكولوگىيە ياردەم پۇلى سوممىسىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتلاقتا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مال باققىلى بولىدۇ؛ ئەگەر كېيىن قۇرۇلۇش قىلىنىپ قالسا، يەر تولۇقلىمىسىدىنمۇ بىر ئۈلۈش ئالغىلى بولىدۇ.

كونا ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتوموبىلى يۇرتداشلارنىڭ «ئورتاق بەھرىلىنىش ئاپتوموبىلى»غا ئايلاندى، كەنت ئاھالىلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ توشۇلۇپ، تاتكۆلنى كۆرۈشكە ئېلىپ بېرىلدى. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا: يېڭى ئۆيلەر چىرايلىق، كالا تېزىكى قالانماي، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز كۆيدۈرۈلىدۇ؛ ھاجەتخانا پاكىز، تۇرۇبىنى تولغىسىلا سۇ چۈشىدۇ...

چىن مۇھەببەت ئاخىر «تۈگۈن»نى يەشتى. ياشانغانلارمۇ قىزىقىشقا باشلىدى: «بۇنداق ياخشى سىياسەت تۇرسا، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىمىز؟ كۆچەيلى!»

داتۇك يېزىسىنىڭ ئاق تۆگە لەڭگەر كەنتىدىكى مىرەمەتخان پەيزىمەت تۇنجى بولۇپ كۆچتى. كۆچكەن كۈنى مىرەمەتخان شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە شېنجېننىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كارخانىلىرى ئىئانە قىلغان توڭلىتىش ساندۇقى، كىرئالغۇ، سۇ ئىسسىتقۇ قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇۋالدى. «بۇرۇن تۇرغان جايدا ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلەتكىمىز بولسىمۇ توك يوق ئىدى.» مىرەمەتخان ئۆيىدىكى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «يېڭى ئۆي يەنىلا ئوخشىمايدىكەن، ئىسسىنىشقىمۇ توك ئىشلىتىمىز».

### كۆچۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلماسلىق —— «ھەممە ئائىلىنى تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان قىلىش، باي بولالايدىغان قىلىش»

مۇقىملاشتۇرغىلى، بېيىتقىلى بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ بۇ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى سىناق.

مەمەتنەزەر سىدىقنىڭ يېڭى ئۆيى فۇمىن كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، 80 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يېڭى ئۆي رەتلىك، پاكىز ئىدى، خوتۇنى ئاشخانا ئۆيدە ئالدىراش ئەتكەن چاي تەييارلاۋاتاتتى. «تاغدا تاماق ئېتىپ، چاي قاينىتىشنىڭ ھەممىسىدە كالا تېزىكىنىلا قالايتتۇق، سۇ، توك ئىشلىتىش قانداقمۇ ھازىرقىدەك قولايلىق بولسۇن؟ تاماق ئەتسەك سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلىتىمىز، كۈندە يۇيۇنالايمىز، بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولۇپ كەتتى!» دېدى مەمەتنەزەر.

كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئىدى. تاشقورغان مەۋقەنى رايون ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، يەر، باقمىچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپ يۇغۇرما تەرەققىي قىلىش يولىنى تېپىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، تىرىشىپ ئامىنى قىلىدىغانغا ئىش بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش. كۆچۈش باشلىنىشى بىلەنلا، ناھىيەلىك پارتكوم ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت شېنجېن شەھىرىنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋە ئەنشەن پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ ياردەم بېرىش، يۆلەش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سۇ تېجەيدىغان تېمىتىپ سۇغىرىش ئەسلىھەسى ئورنىتىپ، زامانىۋى دېھقانچىلىق ۋە زامانىۋى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇردى.

تاتكۆل باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتى يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، ئەنشەن پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى سېتىۋېلىشىغا 1 مىليون 338 مىڭ 600 يۈەن ئىئانە قىلدى.

«بۇ يەرگە ئارپا، كۆك پۇرچاق، بېدە قاتارلىقلار تېرىلسا، يىللىق ساپ كىرىم 465 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.» ئەنشەن پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن كەلگەن نامراتلارنى يۆلەش كادىرى ما رۇڭسەي مۇنداق دېدى: تاتكۆلدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن 358 ئائىلىلىك 1448 كىشى بار، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمنى 321 يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق «شىركەت+بازا+دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى قوللىنىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇلدى؛ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامرات ئاھالىلەر تەربىيەلەندى، پىلانى بار، ئىقتىدارى بارلار سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى.

«ھەممە ئائىلىنى تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش»نى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش. ياغاچچىلىق ھۈنىرى بار مەمەتنەزەر ناھىيە بازىرىدا بېزەكچىلىك قىلدى، ئىككى بالىسى ناھىيە بازىرىدا ئوقۇدى. «بۇلتۇر مەن بېزەكچىلىك قىلىپ 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم.» بۇ يىل قۇربان ھېيتتا، ئۇ ئىسمائىل ئابدۇرخاننى ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، «ھېلىمۇ ئاكا سىز نەسىھەت قىپتىكەنسىز، ئەگەر كۆچۈپ كەلمىگەن بولسام، قانداقمۇ قەددىمنى رۇسلىيالايتتىم!»

تارقاق كۆچۈرۈپ، مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش. پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۇ ئۈنۈمسىز جايدا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇماقتا...

تاغلىق رايوندىن تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ، ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش، بېيىشقا قاراپ مېڭىش. تاشقورغاننىڭ باشقا جايغا كۆچۈرۈشتىكى ئىزدىنىشىدە، تاتكۆلنىڭ ئەمەلىيىتى «شۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ يەردىكىلەرنى باقالماسلىق»تەك قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، باشقا جايغا كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ يولنىڭ توغرا تاللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. «تاشقورغاندا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن جەمئىي 4074 ئائىلىدىن 16 مىڭ 505 كىشى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، %40 نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئېلىپ بېرىلدى، تاتكۆل ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش پۈتۈن ناھىيەدىكى نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.» ۋاڭ شۇدۇڭ مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى تاتكۆلدە، ئىككى يېڭى كەنتتىكى ھەممە ئائىلە مىننەتدارلىققا تولدى، ھەممە كىشى ياخشىلىققا ئىنتىلىپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىشقا قەسەم قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زامانىۋى دېھقانچىلىق ۋە زامانىۋى چارۋىچىلىق بەرپا قىلىش؛ دېھقان ـ چارۋىچىلار مەكتەپلىرىگە تايىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇش... بىر قاتار تەدبىرلەر ئەمەلىيلىشىپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلار ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا، كىرىمنى ئاشۇرالىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا «ئەمەلىي بولۇش»قا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىنسا، كۆپرەك دەل جايىدا كۈچەلسە، ئۆتكىلى بولمايدىغان قىيىن ئۆتكەل يوق. بۇ، تاشقورغاننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئىلھام.

---

**پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش**

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى مەھەللە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلىدى

## ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ھەقىقىي تۈردە قەلبلەرگە ئورنىتىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **سۇ جۈنيا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ خەيرۇڭ مەھەللە ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمگۇ رايونى چىداۋان تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى خۇيجەن مەھەللىسىدە، ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسىنىڭ كەسپ مۇلازىمەت مەركىزى ئەقلىي ئىقتىدارلىق قاتتىق دېتال ئەمەلىي مەشق ئۆيىدە، شۇ خەيرۇڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاما، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئورتاقلاشتى.

شۇ خەيرۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئومۇمىي يىغىندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارارى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قائىدىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ھەقىقىي تۈردە قەلبلەرگە ئورنىتىش كېرەك. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسنى مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا «سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى ئېلان قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تاۋار ۋە ئامىل يۆتكىلىش تىپىدىكى ئېچىۋېتىشتىن قائىدە قاتارلىق تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشكە ئۆزگىرىشكە تېز تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ، چەتكە چېتىشلىق ئىقتىساد ـ سودىنىڭ قانۇن ۋە قائىدە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاشقى سودا ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇش پرىنسىپى ۋە سودا قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەندىزە ۋە كەسىپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سودا قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەلالاشتۇرۇپ، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورت، مال سودىسى بىلەن مۇلازىمەت سودىسى، سودا بىلەن قوش يۆنىلىشلىك سېلىنما، سودا بىلەن كەسىپنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ تەرتىپلىك ئەركىن يۆتكىلىشى، بايلىقنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەقسىملىنىشى، بازارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېچىۋېتىپ ھەمكارلىشىدىغان، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار بولغان، ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان خەلقئارا سودا يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك. 2022 ـ يىلغا بارغاندا، سودا قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئەلالىشىپ، سودا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، سودا ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچىيىپ، سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچ، سىياسەت، ئىستاتىستىكا، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاش سىستېمىسى ئورنىتىلىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، سودا رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ سودا قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، سودا تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ تەڭپۇڭ، ماس بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سودىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، سودا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قوشۇش كېرەك؛ سۇپا سىستېمىسىنى قۇرۇپ، سودىغا بولغان تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان، قولايلاشقان سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك؛ ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سودا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بوشلۇقىنى ئېچىش كېرەك؛ تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى كۈچەيتىپ، كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگىنىدىكى ئالاقىدار تارماقلار فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن ئىش تەقسىملەپ، كونكرېت سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.